### فونېتىكا

**جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش غ،گ نىڭ جاراڭسىزلىشى**

«گ، غ» تاۋۇشلىرى سۆز ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە شۇ سۆزلەرگە يەنە «گ، غ» تاۋۇشلىرى بىلەن باشلانغان قوشۇمچە قوشۇلىدۇ. تەلەپپۇزدا سۆز ئاخىرىدىكى «غ، گ» تاۋۇشى «ق، ك» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

بەگ + گە ←بەگگە ( بەككە، دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)

باغ +قا ←باغقا ( باققا، دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ)

### گراماتىكا

**1- يۆنىلىش كېلىش**

يۆنىلىش كېلىش ئىش – ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشى ۋە نىشانىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇ خىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا «- غا، - قا، -گە، - كە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:



ئۇلار بېكەتكە ماڭدى.

مەن يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىم.

سىز ئەنۋەرگە خەت يېزىۋاتامسىز؟

بارات بوۋاي بالىلارغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىۋاتىدۇ.

ئىزاھات①: بىر قىسىم پېئىل ۋە سۈپەتلەر دائىم يۆنىلىش كېلىشنى تەقەززار قىلىدۇ. مەسىلەن:

قارشى تۇر-، بار-، يېقىن

ئىزاھات②: ئۇ، سەن. مەن قاتارلىق ئالماشلارنىڭ يۆنىلىش كېلىش شەكلى مەنگە، ئۇغا، سەنگە بولماستىن ئۇنىڭغا، ساڭا، ماڭا بولىدۇ.

**2- ھازىرقى زاماننىڭ بولۇشسىز ۋە سوئال شەكلى**

بولۇشسىز شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە ھازىرقى زامان قوشۇمچىسى، بولۇشسىز قوشۇمچە -ما، -مە ۋە شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلۇش ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

① مەن رومان ئوقۇۋاتمايمەن، دەرس تەكرارلاۋاتىمەن.

ب: ئەته پروفېسسور دوكتۇر ئەسئەت سۇلايماننىڭ « هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى » ھەققىدىكى ئىلمىي لېكسىيە يىغىنىغا قاتنىشىمىز.

ئا: ئابدۇراخمان بارمۇ؟

ب: بار. سىنىپتا.

ئا: ئۇ كىتاب ئوقۇۋاتامدۇ؟

ب: ياق، تۆۋەن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئىنگلىزچە دەرس ئۆتۈپ بېرىۋاتىدۇ.

ئا: ئۇ دائىم ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىنىشتە ياردەم قىلامدۇ؟

ب: ھەئە، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىدىن سىرت باشقا ئىشلىرىغىمۇ ياردەم قىلىدۇ.

**يېڭى سۆز-ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Hastane | دوختۇرخانا |
| Staj yap- | پراكتىكا قىل - |
| Dön- | قايت - |
| Bir taraftan, | بىر تەرەپتىن، يەنە بىر تەرەپتىن |
| Belli bir | بىرەر |
| Özel | خۇسۇسىي |
| Masraf | راسخوت |
| Telafi et- | تولۇق- |
| Gönder- | ئەۋەت - |
| Yer | جاي |
| Düğün yap- | توي قىل - |
| Hazırlık yap- | تەييارلا- |
| Katıl- | قاتناش - |
| Aşağı | تۆۋەن |
| Yanı sıra, hariç | سىرت |
| Duvar | تام |
| İngilizce | ئىنگلىزچە |
| Akraba | ئۇرۇق - تۇغقان |
| Memleket | يۇرت |
| Keyifli | كۆڭۈللۈك |
| Anlat- | چۈشەند- |
| Postane | پوچتىخانا |

## تېكىست

I

### يازلىق تەتىل توغرۇلۇق سۆھبەت

ئا: قېيۇم، تەتىلدە ئۆيگە قايتامسەن؟

ئە: ئۆيگە قايتمايمەن، مەكتەپتە قالىمەن.

ئا: تەتىلنى قانداق ئۆتكۈزىسەن؟

ئە: تەتىلدە بىر تەرەپتىن ئىشلەيمەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنگلىزچە كۇرسقا قاتنىشىمەن.

ئا: نېمە ئىش قىلىسەن؟

ئە: بىر خۇسۇسىي شىركەتتە ئىشلەيمەن، ئوقۇش راسخوتىمنى تولۇقلىمىسام بولمايدۇ، ئائىلەم پۇل ئەۋەتەلمەيدۇ.

ئا: چۈشەندىم، تەتىلدە بىرەر يەرگە بارامسەن؟

ئە: ئىمكانىيىتىم يار بەرسە تۇرپانغا بارىمەن، تۇرپاندىكى «مىڭ ئۆي» ۋە « كارىز»نى كۆرگۈم بار.



ئا: نېمە دېگەن ياخشى! ئۇ جايلارنى چوقۇم ئېكىسكۇرسىيە قىلىش كېرەك.

ئە: توغرا دەيسەن. سەنچۇ؟ تەتىلدە نەدە بولىسەن؟

ئا: مەن يۇرتۇمغا قايتىمەن، تەتىلنى يۇرتۇمدا ئۆتكۈزىمەن، ئاكام توي قىلىدۇ، توي تەييارلىقلىرىغا ياردەم قىلىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا يېزىغا بېرىپ ئۇرۇق - تۇققانلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەم قىلىمەن، تەتىل توشقۇچە ئۆيدە تۇرىمەن.

ئە: تەتىلىڭنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىنى تىلەيمەن.

II

### سۆھبەت

ئا: باھارگۈل، نېمە قىلىۋاتىسىز؟ تام گېزىتىگە ماقالە يېزىۋاتامسىز؟

ب: ياق، مەن ئۆيگە خەت يېزىۋاتىمەن.

ئا: ئەتە ئېكىسكۇرسىيىگە بارامسىز؟

ب: بارمايمەن.

ئا: نېمىشقا؟